# «شەرقىي تۈركىستان» چىلار جۇڭگونىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالماقتا

## رەئىس جياڭ زېمىن: «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچى كۈچلىرى- خەلقئارا تېررورچىلىقنىڭ بىر قىسمى دەپ كۆرسەتتى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خەلقئارا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئېقىمىنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ، چەت ئەللەردىكى «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچى كۈچلىرى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئالتۇيىلاك كۆتۈرۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدا بولغان مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنى تەدرىجىي كۈچەيتتى. ئۇلار كۈندىن-كۈنگە غالجىرلىق بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق قىلمىشلىرى ۋە تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئېغىر زىيان سالدى، شۇنىڭدەك دۆلىتىمىزنىڭ تېررىتورىيە پۈتۈنلۈكى ۋە دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىك ھوقۇقىغا خىرىس قىلماقتا.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى بۇ يىل ئۆكتەبىردە دۇنياغا «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچى كۈچلىرى خەلقئارا تېررورچىلىقنىڭ بىر قىسمى، دەپ جاكارلىدى، رەئىس جياڭ زېمىن 20-ئۆكتەبىر روسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبەتتە ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىپ، چېچېنىيە تېررورچى كۈچلىرى ۋە «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچى كۈچلىرى ئوخشاشلا خەلقئارا تېررورچىلىقنىڭ بىر قىسمى، ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرۇش ۋە زەربە بېرىش لازىم، دەپ قارىدى. زۇڭلى جۇ رۇڭجى 31-ئۆكتەبىر گېرمانىيە زۇڭلىسى شىرود بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبەتتە جۇڭگونىڭ «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچى كۈچلىرىگە زەربە بېرىش كۈرىشىمۇ خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى كۈرەشنىڭ بىر قىسمى، دەپ تەكىتلىدى. 12-نويابىر بىخەتەرلىك كېڭىشىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسى بويىچە دىپلوماتىيە باشلىقلىرى يىغىنىغا قاتناشقان جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى تاڭ جياشۈەن: جۇڭگومۇ ئىزچىل تۈردە تېررورلۇقنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ كەلمەكتە، «شەرقىي تۈركىستان» كىرىپ، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتى»نى قوزغىغان، مەزكۇر ھەرىكەت 1933-يىلى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىنجاڭنىڭ قەشقەر رايونىدا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى قۇرغان. بۇ ھاكىمىيەت ئاران ئۈچ ئاي مەۋجۇت بولۇپ ئۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتى» ئۈچۈن بىر تۈركۈم تولۇق مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. بۇ كىشىلەر كېيىنچە ئارقا-ئارقىدىن چەت ئەللەرگە قېچىپ بېرىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا رايونلىرىدا شىنجاڭنى ئايرىپ چىقىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن چەت ئەللەردە چوڭ لاگېرلارنى قۇرغان. بۇ مەملىكەت ئىچى-سىرتىدىكى شىنجاڭنى ئايرىپ چىقىش كۈچلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ تارىخىي مەنبەسى.

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىشى بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك، مەزھەپچىلىك، سىيلىك ۋە بەكلىمچىلىكنىڭ جىددىي ئۇلغىيىشىغا رىغبەت بولدى. مىللەتچىلىك كۈچلىرىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بىر تۈركۈم پارتىيە-گۇرۇھلار ئالدى بىلەن بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئەلسىگە ئېرىشتى: شۇنىڭدەك ئۆزۋەتتە دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىشىگە ئەگىشىپ، ئەسلىدىكى رايون تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلدى، مىللىي ماجىرالار شىددەت بىلەن كەسكىنلەشتى: غەرب قىسمى ئاپىقىن دۆلەتلەر يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ئىقتىسادنىڭ دۇنياۋىلىشىشى پەيدا قىلغان ھەر قايسى ئەللەر ۋە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقى، سىياسىي تەرەققىياتنىڭ ماس قەدەمدە بولماسلىقى ئۇۋۇ ئەتنىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك دولقۇنىنى تېخىمۇ ئەركىن-ئازادە بوشلۇق بىلەن تەمىن ئەتمەكتە. دەل مۇشۇ دولقۇنغا ياردەم بېرىۋاتقان خەلقئارا مىللىي بۆلگۈنچىلىك دولقۇنىدا، «شەرقىي تۈركىستان» بۆلگۈنچى تەشكىلاتلىرى ۋە زېمىنىمىز لادېننىڭ «يارىسى»دا تەربىيىلەنگەن. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى سودىگەرچىلىك قىلىش، ھەج قىلىش نامى بىلەن تاجىكىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان ئارقىلىق ئافغانىستانغا بېرىپ، ئافغانىستان لاگېرلىرىدا ھەربىي مەشىق قوبۇل قىلغان ۋە ھەرىكەت خىراجىتى توپلىغاندىن كېيىن، يەنە ئارقا-ئارقىدىن شىنجاڭغا يوشۇرۇن قايتىپ كېلىپ تېررورلۇق-زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغان. تولۇق دەلىللەر ئىسپاتلىدىكى، «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچىلىرى 1997-يىلدىكى شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىدىكى 5-فېۋرال قالايمىقانچىلىق ۋەقەسىنى ۋە ئۈرۈمچىدىكى 25-فېۋرال بىر قاتار تېررورلۇق پارتلىتىش دېلولىرىنى بىۋاسىتە قىلىشقا قاتناشقان. خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا، تېررورچىلارنىڭ بەزىلىرى ئۇرۇش تەجرىبىلىرىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ھەتتا چېچېنىيە، كوسوۋولارغا بېرىپ ئۇ يەردىكى قانۇنسىز قوراللىق توقۇنۇشلارغا قاتناشقان.

«شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرىنىڭ خەلقئارادىكى بوشلۇقتىن پايدىلىنىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپا-ئامېرىكىنى ئۆزلىرىنىڭ چەت ئەللەردە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشتىكى ئاساسلىق سورۇنى قىلىپ تاللىغان. بۇنىڭدىكى سەۋەب ئۇلارنىڭ بۇ رايونلاردا مۇئەييەن ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئاساسقا ئىگە بولغانلىقىدا.

بىرنەچچىدىن، بەزى غەرب دۆلەتلىرى جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەشنى چىقىش قىلىپ، «شەرقىي تۈركىستان» چىلارنىڭ جۇڭگوغا قارشى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە ئىزچىل تۈردە مەدەت ۋە ياردەم بەرگەن. بۇ يىل 10-ئاينىڭ 17-كۈنى ياۋروپا پارلامېنتى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە خەلقىنىڭ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىشىگە قارىماي، چەت ئەلدىكى «شەرقىي تۈركىستان»

تېررورچى كۈچلىرى ئۇزاقتىن بۇيان خەلقئارادىكى تېررورچىلار گورۇھلىرىنىڭ تەربىيىلىشى، مالىيە ياردىمى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىپ، كۆپ قېتىم جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونى ۋە باشقا دۆلەتلەردە تۈرلۈك تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى پەيدا قىلىپ، گۇناھسىز خەلقنى زىيانغا ئۇچراتتى. «شەرقىي تۈركىستان» چىلىق كەم - كۈتىسىز تېررورچىلىق، ئۇ خەلقئارادىكى تېررورچىلىقنىڭ بىر قىسمى، ئۇنىڭغا قەتئىي زەربە بېرىش لازىم، دەپ ئىپادە بىلدۈردى.

**«شەرقىي تۈركىستان» تېررورچى كۈچلىرى زوراۋان تېررورلۇق ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق، شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىپ چىقىپ، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان» قۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا**

«شەرقىي تۈركىستان» تېررورچىلىرى «شىنجاڭ مۇستەقىللىقى»نى دەۋا قىلغۇچىلار دېمەكتۇر. ئۇ، زوراۋان تېررورلۇق ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق، شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىپ چىقىپ، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان» قۇرۇشقا ئۇرۇنىۋاتقان بىر تۈركۈم مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

«شەرقىي تۈركىستان» تېررورچىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى تارىخىي سەۋەب، ئاساسلىقى، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پەيدا بولغان «پانتۈركىزم»نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىدىندۇر. تارىخشۇناسلارنىڭ تەكشۈرۈپ ئېيتىشىچە، تۈركلەر ئەسلىدە جۇڭگو تارىخنامىلىرىدە خاتىرىلەنگەن بىر كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە بولۇپ، مىلادى 552 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا تۈرك خانلىقىنى قۇرغان، 583 - يىلىدىن كېيىن ئۇلار شەرقىي تۈرك خانلىقى، غەربىي تۈرك خانلىقى دەپ ئىككى خانلىققا بۆلۈنۈپ كەتكەن. شەرقىي تۈركلەر ئۇيغۇر (?) لار تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان. غەربىي تۈركلەر تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تۈركلەر زامانىۋى مىللەت بولۇپ تەرەققىي قىلىش تارىخىي يۈرۈشىنى قولىدىن كەتكۈزۈپ قويغان. 19 - ئەسىردە يۇرۇپالىق جۇغراپىيە ئالىملىرى «تۈركىستان» دېگەن ئاتالغۇنى قوللىنىشقا باشلىغان، بۇ تۈركلەر تولۇنۇۋالغان جاي ياكى تۈركلەر پەيدا بولغان رايونى ھەمدە ئۇنىڭغا قاراشلىق دائىرىنى كېڭەيتىلگەن (?) - روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا قىسمى «غەربىي تۈركىستان» بولغانلىقى، جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونى (ئاساسلىقى جەنۇبىي شىنجاڭ) «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن جۇڭگونىڭ تارىختىكى بىر قانچە سۇلالە ھۆكۈمىتى دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا ئىگىلىك قىلغان بۇ نەسى...

پايدىلىنىپ «پانتۈركىزم» كۈچلىرى بىلەن بىرلىشىپ، خەلقئارا سەھنىدە ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋە تەرەققىي قىلىش بوشلۇقىنى كېڭەيتىشكە ئۇرۇنماقتا.

**ئوتتۇرا ئاسىيا - «شەرقىي تۈركىستان» تېررورلۇق كۈچلىرى ھەرىكىتىنىڭ ئالدىنقى سەپ لاگېرى، غەربىي ئاسىيا - چوڭ لاگېر، ياۋروپا - ئامېرىكا - خەلقئارا مۇنبىرىدۇر**

چەت ئەل ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، نۆۋەتتە چەت ئەللەردىكى ئەسىرى بار «شەرقىي تۈركىستان» مىللىي بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرى 51 بولۇپ، بۇنىڭدىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكىسى 19، غەربىي ئاسىيا رايونىدىكىسى 14، ياۋروپا - ئامېرىكا ۋە ئاۋسترالىيەدىكىسى 18 ئىكەن.

ئوتتۇرا ئاسىيا - ئۇلارنىڭ ۋەتەننى پارچىلاش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش، شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىش، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋە قوراللىق مەشىق قىلدۇرۇشتىكى ئالدىنقى سەپ لاگېرى؛ غەربىي ئاسىيا ئۇلارنىڭ «مىللىي ئۆزىنى ئۆزى (?) كۈچى»نى يېتىلدۈرۈش، «مەنىۋى داھىي» ۋە كادىرلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈشتىكى چوڭ لاگېرى؛ ياۋروپا - ئامېرىكا بولسا ئۇلارنىڭ «شىنجاڭ مۇستەقىللىقى» مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇش، تەشۋىق قىلىدىغان خەلقئارا مۇنبىرى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ياۋروپا - ئامېرىكىدىكى شىنجاڭ بۆلگۈنچى تەشكىلاتلىرى تەشۋىقات ھەم ۋەرخانلىق ۋە نەشرىيات توربىلانى مۇھىم ئورۇنغا قويغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكەت شەكلى قەلەمنى ئەلەمدىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇش؛ غەربىي ئاسىيادىكى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك چوڭ لاگېرىنى بەرپا قىلىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكەت شەكلى قەلەم بىلەن ئەلەمگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىش؛ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرى شىنجاڭ ۋە غەربىي رايونلارغا بۆسۈپ كىرىش، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋە زوراۋانلىق - تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكەت شەكلى ئەلەمنى قەلەمدىن مۇھىم بىلىش ياكى قەلەم بىلەن ئەلەمنى تەڭ ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

«شەرقىي تۈركىستان» چىلارنىڭ ئىقتىسادىي مەنبەسى چەت ئەللەردە سودىگەرچىلىك قىلىش، كارخانا قۇرۇش، زەھەر سېتىش ۋە بەزى دۆلەتلەرنىڭ مالىيە ياردىمىگە ئېرىشىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئافغانىستانغا ئېلىپ بېرىپ ھەربىي مەشىق قوبۇل قىلىش ئۇ...

تەشكىلاتىنىڭ تەڭ ئالىي رەھبەرلىك ئورگىنى بولغان «شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەجلىسى»نىڭ ياۋروپا پارلامېنت بىناسىدا ئاتالمىش «قۇرۇلتاي» ئۆتكۈزۈشكە ئوچۇق - ئاشكارا يول قويدى، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىمىزنىڭ باياناتچىسى بۇنىڭغا قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكىنى بىلدۈردى.

ئىككىنچىدىن، چەت ئەللەردىكى «پانتۈركىزم» كۈچلىرى «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرى بىلەن بىرلىشىپ، «بۈيۈك تۈرك بىرلەشمە گەۋدىسى» قۇرۇشقا ھەمدە پۈتۈن يەر شارىدا «ئىمارەت تۈرۈشى» شەكلى ئارقىلىق، مۇستەقىل مىللىي ھاكىمىيەت قۇرۇش دولقۇنىنى قوزغاشقا ئۇرۇنماقتا.

ئۈچىنچىدىن، غەربىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا نۆۋەتتە «شەرقىي تۈركىستان» چىلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا ئېھتىياجلىق بولغان خېلى كۆپ ساندىكى ئادەم كۈچى بايلىقى بار. بۇ كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى «شەرقىي تۈركىستان» مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قاتناشمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمى «شىنجاڭ مۇستەقىللىقى»غا قارىتا ھېسداشلىق قىلىدۇ ياكى مەدەت بېرىدۇ.

**«شەرقىي تۈركىستان» تېررورچى كۈچلىرى بۇنىڭدىن كېيىن «شىنجاڭ مۇستەقىللىقى» يولىدا مېڭىپ، خەلقئارادىكى ئوبرازىنى ياخشىلاشقا كىرىشىپ، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلام بويىچە، پۈتۈن يەر شارى دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىشنى كۆزلىمەكتە**

«شەرقىي تۈركىستان» تېررورچى كۈچلىرى 1999 - يىل ئۆكتەبىر گېرمانىيىنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدە، 2001 - يىل ئۆكتەبىردە بېلگىيىنىڭ برۇسسېل شەھىرىدە ئۆتكۈزگەن 2 - ، 3 - نۆۋەتلىك «شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى» ۋە 2000 - يىل نويابىردا ئېستونىيىنىڭ تاللىن شەھىرىدە ئۆتكۈزگەن «3 - نۆۋەتلىك ئۇيغۇر ياشلىرى دۇنياۋى قۇرۇلتىيى» ئارقىلىق مىسلىسىز يېڭىلىنىپ كېڭىيىش ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى.

بىرىنچىدىن، تەشكىلىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇ «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپا - ئامېرىكىدىكى ھەر قايسى تەرەپلىرىنى ئىككى چوڭ گورۇھقا بىرلەشتۈرۈپ، «شەرقىي تۈر-

Doğu Turkistan

(بېشى 6 - بەتتە)

ئىككىنچىدىن، ھەرىكەت پروگراممىسىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى پروگراممىلىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىر پۈتۈن ئورۇنلاشتۇرۇشمۇ بار. مەسىلەن، سىياسىي جەھەتتە جۇڭگونىڭ ئىچىدە يوشۇرۇن زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا داۋاملىق ئىلھاملاندۇرغاندىن سىرت، خەلقئارا سەھنىلەردە ئۇلارنىڭ «تىنچلىق ئەلچىسى» ئوبرازى بىلەن پەردازلاپ، «دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇقى» ۋەۋەسكىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىشقا ئەھمىيەت بېرىشكە كىرىشتى. ئۇلارنىڭ خەلقئارادىكى كۆرەش نىشانى مەركەزلىك ھالدا شىنجاڭ مەسىلىسىنى «خەلقئارالاشتۇرۇش» جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، بۇنىڭدىن كېيىن چەت ئەللەردىكى سىياسىي خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ ۋە خەلقئارادىكى تەشۋىقات سالمىقىنى ئاشۇرۇشتىن ھەمدە چەت ئەللەردىكى جۇڭگوغا قارشى بارلىق كۈچلەر بىلەن بىرلىشىشنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت.

بۇ يىل ئۆكتەبىردە چاقىرىلغان «شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى» دا «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرىنىڭ يېڭى ھەرىكەت پروگراممىسى بېكىتىلدى، يەنى «شىنجاڭ مۇستەقىللىقى» بۇنىڭدىن كېيىن «شىزاڭ مۇستەقىللىقى» يولىدا مېڭىپ، دالايىنى ئۈلگە قىلىپ، ئىشنى خەلقئارادىكى ئوبرازىنى ياخشىلاشتىن باشلاپ، «شىنجاڭ مۇستەقىللىقى» يولىدىكى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلام بويىچە پۈتۈن يەر شارى دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. شۇنى كۆرۈۋېلىش كېرەككى، بۇ «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرى بۇنىڭدىن كېيىن دۆلىتىمىز ئىچىدە سىڭىپ كىرىش، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋە زوراۋانلىق - تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشتىن ۋاز كەچمەيدۇ، دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇلار قەلەم بىلەن ئەلەمگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، خەلقئارا جەڭ مەيدانى ئېچىشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، «كىشىلىك ھوقۇقى» ۋە «دېموكراتىيە» ۋەۋەسكىسى ئارقىلىق ئالدامچىلىق قىلىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشمەكچى بولىدۇ، دېگەنلىك.

«11 - سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن كېيىن، ھەر قايسى ئەللەر تېررورچىلىقنىڭ دۇنياۋى ئورتاق دۈشمەن ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. بۇ يىل ئۆكتەبىردە شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلگەن APEC رەھبەرلەر غەيرىي رەسمىي يىغىنىدا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا مۇنداق بىر بايانات ئېلان قىلىندى: «رەھبەرلەر شۇنداق قارايدۇكى، كىشىلەرنى قىرغىن قىلىدىغان بۇ خىل قىلمىش ۋە باشقا ھەر قانداق شەكىلدىكى تېررورلۇق قىلمىشلىرى قاچان، قەيەردە، كىمگە قارىتىلىشىدىن، كىمنىڭ ئېلىپ بارغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ بارلىق خەلققە، بارلىق ئېتىقادقا ھەم بارلىق دۆلەتلەرنىڭ تىنچلىقىغا، گۈللىنىشىگە ۋە خەۋپسىزلىكىگە ئېغىر تەھدىت سالىدۇ». ھازىر تېررورچىلار خەلقئارادا كوچىدىن ئۆتكەن چاشقاننى ھەممە ئادەم ئۇر - ئۇر دەيدىغان ھالەتتە قالدى. «شەرقىي تۈركىستان» چىلىقنى خەلقئارا تېررورچىلىقنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ زەربە بېرىش نىشانىغا كىرگۈزۈلۈشى كېرەك. شۇنىڭدەك ھەققانىي تەدبىر قوللىنىپ، خەلقئارادىكى بەزى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنى «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچى كۈچلىرىنى قايتا قوللىماسلىققا مەجبۇرلاش. ئاخىرىدا «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرىنىڭ مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى پەيدا بولۇش يىلتىزىنى تامامەن قۇرۇتۇپ تاشلاش لازىم.

(«يەر شارى ۋاقتى» گېزىتىدىن ئېلىندى)